مۆرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق



# ئۆلمەس ۋاڭ شياۋخې

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق

كې لەن

# ئۆلمەس ۋاڭ شياۋخې

تەرجىمە قىلغۇچى: خالىق ئاۋۇت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

不死的王孝和/柯蓝编著；哈力克·阿吾提译．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.5(2007.4重印)
(少年红色经典)
ISBN 978 - 7 - 228 - 10134 - 4

Ⅰ．不… Ⅱ．①柯…②哈… Ⅲ．儿童文学 — 革命故事—中国—当代— 维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．I287.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 049270 号

策　　划：艾克巴尔·艾力
责任编辑：依明江·艾木都拉
责任校对：阿达来提，米丽古丽

不死的王孝和（维吾尔文）

哈力克·阿吾提　译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230 毫米　32 开本　4.5 印张　2 插页
2006 年 7 月第 1 版　2009 年 2 月第 3 次印刷
印数：7061—11060

ISBN 978 - 7 - 228 - 10134 - 4　定价：8.00 元

بۇ كىتاب 21 ـ ئەسىر نەشرىياتىنىڭ 2004 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2004 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据二十一世纪出版社 2004 年 9 月第 1 版,2004 年 9 月第 1 次印刷本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ئەكبەر ئېلى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىمىنجان ھەمدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت، مېھرىگۈل

**ئۆلمەس ۋاڭ شياۋخې**

تەرجىمە قىلغۇچى : خالىق ئاۋۇت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى : 4.5 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2006 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىلى 2 ـ ئاي 3 ـ بېسىلىشى
تىرازى : 7061——11060
ISBN 978 — 7 — 228 — 10134 — 4
باھاسى : 8.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

«ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق» ناملىق بۇ
مەجمۇئە «ئەدەبىي ھېكايىلەر» ۋە «قەھرىمانلار ھەققىدە ھېكايە-
لەر»دىن ئىبارەت ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈندۇ. ئالدىنقى تۈركۈم-
دىكىلىرى ئىجادىي ئەدەبىي ئەسەرلەر، كېيىنكى تۈركۈمدىكىلى-
رىنىڭ كۆپىنچىسى رېئال شەخسلەر ھەققىدىكى خاتىرىلەردۇر.
ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ ، 60 ـ يىللىرىدىن بېرى، پۈتكۈل
جەمئىيەت، بولۇپمۇ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر بۇ ئەسەرلەردىكى قەھ-
رىمانلارنىڭ مەيلى بەدىئىي ئوبرازىغا بولسۇن ياكى تۇرمۇشتىكى
ئەسلىي قىياپىتىگە بولسۇن، ئىزچىل چوقۇنۇپ ۋە ئۇلارنى
چوڭقۇر ياد ئېتىپ كەلدى. قەھرىمانلارنىڭ باتۇرانە ئىش ـ ئىز-
لىرى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ مە-
نىۋى تۈۋرۈكىگە ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمىگە ئايلاندى.

بۇ مەجمۇئەگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلى-
كىدىكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان
قەھرىمانلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر ۋە ئالاقىدار ژانىرلاردىكى ئەڭ
ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلەر تاللاپ كىرگۈزۈل-
دى. بۇ ئەسەرلەردە ئىنقىلابىي خەلقنىڭ ئاجايىپ ئەقىل ـ پارا-
سىتى، باتۇر ـ قەيسەرلىكى نامايان قىلىنىدۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك،
ئىنقىلابىي قەھرىمانلىقتىن ئىبارەت تارىخىي ئاڭ كۈچلۈك تەش-
ۋىق قىلىنىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى روشەن، ھېسسىياتى

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ساددا ھەم كۆچلۈك، ۋەقەلىكى ئېنىق ھەم چۈشىنىشلىك، توقۇنۇشى جىددىي ھەم كەسكىن، تىلى جانلىق ھەم ئاممىباپ، ئۇسلۇبى ساغلام ھەم يارقىن، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەققانىيەت رەزىللىك ئۈستىدىن غالىب كېلىش بىلەن تاماملىنىدۇ، پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرى دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرىگە زىچ باغلىنىدۇ. بۇ ئەسەرلەر ھەقىقىي تارىخ ئاساسىدا يېزىلغان، ئاپتورنىڭ مۇكەممەل تۇرمۇش تەسىراتى، تولۇپ تاشقان ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ۋە تاۋار ئىگىلىكى شامىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقتەك جىددىي ئىجادىيەت پوزىتسىيىسى ئەسەرلەرنىڭ يېڭىلىق تۇيغۇسى ۋە ئوقۇشچانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. ئەسەرلەرنىڭ روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ زوقىنى تارتىدىغان قويۇق مىللىي ئۇسلۇبىدىن ئۇزاق مۇددەتلىك بەدئىي ھاياتىي كۈچ تەپچىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئورنىنى ئىگىلىگىلى بولمايدىغان تەربىيىلەش رولىغا، ئېستېتىك رولغا ئىگە. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەرلەرنى «ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق» دەپ ئاتاش قىلچە ئارتۇق كەتمەيدۇ.

مېڭزى: «مۇكەممەللىك گۈزەللىكتۇر» دەپتىكەن. قەھرىمانلارنىڭ روھىي دۇنياسى ئۇلۇغۋار غايە، مۇستەھكەم ئېتىقاد، بېرىلىپ ئىزدىنىش، غەرەزسىز تۆھپە قوشۇش روھى ئارقىلىق تاكامۇللىشىدۇ. كوچا ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، كارتون فىلىم، ھەجۋىي رەسىملەرنى كۆرۈپ، كومپيۇتېر ئويۇنلىرىنى ئويناپ چوڭ بولغان ئەۋلادلارنى تارىخنى چۈشىنىش، قەھرىمانلارغا يېقىنلىشىش، مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە ئويلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالىساق، ئۆزىمىزمۇ ئىستىقبالىمىزنى تاپقان بولىمىز، ئىنقىلابىي ئەنئەنە ئۇلۇغ بايرىقىنى مەڭگۈ جەۋلان قىلدۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىيەلىسەك، مىللىتىمىزمۇ ئۈمىدكە تولغان بولىدۇ.

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب مۇقەددىمە ........................................ 1
ئىككىنچى باب ئۆسۈپ يېتىلىش ................................ 4
ئۈچىنچى باب بوران ـ چاپقۇنلۇق يىللار.......................... 24
تۆتىنچى باب سىناق ............................................ 48
بەشىنچى باب ئادالەت يولىدا جان پىدا قىلىش ................ 91
ئالتىنچى باب خاتىمە .......................................... 136

# بىرىنچى باب مۇقەددىمە

*بۇ يەردە بىز چەكسىز ھۆرمىتىمىز بىلەن ئىنقىلاب ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان بىر ياش كوممۇنىستنى ئەسلەپ ئۆتىمىز...*

## 1

ياپىيېشىل چىملىقتا قىزىل گالستۇك تاقىغان بىر توپ باللار ئولتۇراتتى. قۇياش نۇرى ئۇلارنىڭ مەڭزىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

— سۆيۈملۈك پىئونېر يولداشلار! سالام بەرگەندە نېمە ئۈچۈن قولۇڭلارنى بېشىڭلاردىن ئېگىز تۇتۇپ سالام بېرىسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئارىدىن بىرەيلەن.

— بۇ، خەلق مەنپەئەتى ھەممىدىن ئۈستۈن دېگەنلىك بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، قىزىل گالستۇكۇڭلارنىڭ نېمە ئۈچۈن قىزىل بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ — دەپ سورىدى يەنە بىرەيلەن.

— بۇ، قىزىل گالستۇك قىزىل بايراقنىڭ بىر بۇرجىكى، ئۇ قۇربان بولغان قەھرىمانلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن

بويالغان، دېگەنلىك.
ھەممەيلەن جىمىپ كەتتى.
پەقەت مەيىن شاماللا چىملىقتىكى ئوت - چۆپلەرنى، يوپۇر - ماقلارنى يېنىك تەۋرىتىپ تۇراتتى. پىئونېرلارنىڭ بويىنىدىكى قىزىل گالستۇكمۇ مەيىن شامالدا يەلپۈنەتتى.
— ساۋاقداشلار! مەن سىلەرگە بىر ئاددىي كىشىنىڭ ھېكايە - يىسىنى سۆزلەپ بېرەي. سىلەرنىڭ قىزىل گالستۇكۇڭلاردا ئۇ - نىڭ ئىسسىق قېنىنىڭمۇ تامچىلىرى بولۇشى مۇمكىن.

## 2

— بۇ كىشىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەشتىن ئىلگىرى سى - لەرگە بىر پارچە سۈرەتنى كۆرسىتەي.
بۇ 1948 - يىلى 9 - ئايدا تارتىلغان سۈرەت.
سۈرەتتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ساقچىلىرى بىر ئاددىي ئىشچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش ئۇچۇن ئېلىپ ماڭماقتا. بۇ ئىشچىنىڭ ئىسمى ۋاڭ شياۋخې، كوممۇنىست، ئۇ 25 يېشىدىلا ئۆلتۈرۈلگەن.
ھازىر بىز ۋاڭ شياۋخېنى پەقەت مۇشۇ سۈرەتتىنلا تونۇ - يالايمىز. قاراڭلار، دۈشمەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئاتماقچى بولۇپ ماڭغاندا، ئۇ غەزەپ بىلەن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ: «يولسىز ھۆكۈمەت گۇمران بولماي قالمايدۇ» دەپ توۋلىماقتا.
مەن ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى سىلەرگە تونۇشتۇرۇپ ئۆ - تەي. قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن چاغلىرىمىزدا ئۇنى ئەسكە ئال - ساق، قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان بولىمىز؛ غەلىبە قىلغاندا ئۇنى ئەسكە ئالساق، مەغرۇرلانمايمىز.

سۆيۈملۈك ساۋاقداشلار، قورقماس، شىجائەتلىك، توختاۋسىز ئالغا ئىنتىلىدىغان، دۈشمەن بىلەن باتۇرانە كۈرەش قىلىدىغان، خەلققە، پارتىيىگە سادىق، ھاياتنى، تىنچلىقنى، ئەركىنلىكنى قىزغىن سۆيىدىغان كىشىنى ھەممىمىز ياخشى كۆرىمىز. چۈنكى بىزمۇ شۇنداق ئادەملەر.

ئەمدى مەن ئۇنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەي. بىراق، شۇنى سەمىڭلارغا سېلىپ قويايكى، ئۇ بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە تېگىشلىك نۇرغۇن كىشىلەر ئارىسىدىكى پەقەتلا بىرى. نۇرغۇن مۇنەۋۋەر كىشىلىرىمىز ئارىسىدىكى ئادەتتىكى بىر ئادەم.



# ئىككىنچى باب ئۆسۈپ يېتىلىش

*... بۇ يەردە بىز ۋاڭ شياۋخېنىڭ ئوقۇغۇچىلىق ھاياتى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.*

## 1

شاڭخەي. تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. شەھەر سىرتىدىكى كەڭ دالا ۋە كۆۋرۈك كۆزگە غۇۋا تاشلىنىپ تۇراتتى، لېكىن ھېچنېمىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. كۆۋرۈكتىكى سىم تورنىڭ سول تەرىپىدە مىلتىقىنى تۇتۇپ ئۇيان - بۇيانغا مېڭىپ يۈرگەن بىر ياپون ئەسكىرى بىلىنەر - بىلىنمەس كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

تۇيۇقسىز بىر ئوقۇغۇچى بىر خالتا گۈرۈچنى يۈدىگىنىچە يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ كۆۋرۈكتە قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان ياپون ئەسكىرىنى كۆردى - دە، ئالدىراپ - تېنەپ ئارقىسىغا يېنىپ پەسكە چۈشۈپ، ئۆستەڭدىكى سۇنى كېچىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى. سۇنى كەچكەندە چىققان شالاق - شۇلۇق ئاۋاز نېرىراقتىكى ياپون ئەسكەرلىرىنى سەگەكلەشتۈرۈپ قويدى.

— توختا...

نېرىدىكى بىر توپ ياپون ئەسكەرلىرى ئالىتاغىل ۋارقىراش-

此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

قىنىچە قوغلاپ كەلدى.

كۆۋرۈكتىكى ياپون ئەسكىرى ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، خالتا يۇدۇۋالغان بىرىنىڭ ئۈستەڭدىن ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكىنىنى كۆردى ـ دە، قاراۋۇلخانىدىكى ئاپشاركىنى قويۇۋەتتى، بەستىلىك ھەم غالجىر ياپون ئاپشاركىسى كىرىچتىن ئايرىلغان ئوقتەك تېزلىكتە قوغلاپ كەتتى.

ئاپشاركا ھېلىقى يىگىتكە يېتىشىۋېلىپ، ئۆشنىسىدىكى گۆرۈچ خالتىسىنى بىرلا چىشلەپ يىرتىۋەتتى، ئاپئاق گۆرۈچ يەرگە چېچىلدى.

ئاپشاركا يىگىتنىڭ چاپىنىنى چىشلەپ تۇرۇۋېلىپ، ئۇنى ماڭغۇزمىدى. ئاڭغىچە ئارقىدىن قوغلاۋاتقان ياپون ئەسكەرلىرى يېتىپ كەلدى.

ئۈستەڭنىڭ ئۇ قېتىدىن قاتتىق قامچىلىغان ۋە يۈرەكنى ئېزىدىغان داد ـ پەرياد ئاڭلاندى، لېكىن ھېچنېمىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى.

ياپون ئەسكەرلىرى قوغلاپ يېتىشىۋېلىپ، قاتتىق ئۇرۇۋەتكەن يىگىت دوك باۋگېن بولۇپ، ۋاڭ شياۋخې بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيتتى. ئائىلىسى نامرات بولغاچقا گۆرۈچ سېتىپ تاپقان پۇلى بىلەن ئانىسىنى باقاتتى، شۇڭا ھەر كۈنى خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ شەھەر سىرتىغا باراتتى. بۇ قېتىم ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، تاياق يەپ ئۆلۈپ كەتكىلى تاس قالدى، بەدىنىنىڭ ھەممىلا يېرى كۆكىرىپ ئىششىپ كەتتى.

## 2

بۇ چاغدا، ۋاڭ شياۋخې شاڭخەيدىكى بىر تېخنىكومدا ئو-

قويىتتى. ئۇ بىرقانچە ساۋاقدىشى بىلەن بىرلىكتە مەكتەپتە بىر تام گېزىتى چىقاردى.

تام گېزىتىنىڭ بۇ سانى دۆڭ باۋگېنغا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن «نامرات ساۋاقدىشىمىزغا ياردەم قولىمىزنى سۇنايلى» دېگەن تېمىدا مەخسۇس سان سۈپىتىدە چىقىرىلغانىدى.

بىرىنچى ماقالىنىڭ تېمىسى قىزىل رەڭدە «بۇ نومۇسسىزلىقتا قاراڭلار ! ساۋاقدىشىمىز دۆڭ باۋگېن ۋەھشىيلەرچە تاياق ـ توقماق ئاستىدا قالدى !» دەپ يېزىلغان، ماقالىنىڭ ئاستىغا «ۋاڭ شياۋخې» دەپ ئىمزا قويۇلغانىدى.

تام گېزىتى مەكتەپ بىناسىنىڭ كارىدورىغىلا چاپلانغان بولۇپ، ساۋاقداشلار ئۇ يەرگە ئولىشىۋېلىپ، گېزىتنى ئوقۇغاچ مۇلاھىزە قىلىشىۋاتاتتى. ئارىدىن بىرى پەس ئاۋازدا:

— قاراڭلار، بۇ ماقالىنى ۋاڭ شياۋخې يېزىپتۇ ! گەپنى خويمۇ جايىدا دەپتۇ ! بىز جۈڭگولۇقلار بەكلا بوزەك بولۇپ كەتتۇق دېسە ! — دېدى.

دۆڭ باۋگېنمۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن قىستىلىشىپ تۇرۇپ گېزىت ئوقۇۋاتاتتى، ئۇ ماقالىدە ئۆزىنىڭ تاياق يېگەنلىكىگە ئائىت ئىشلار يېزىلغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى.

بۇ چاغدا، ۋاڭ شياۋخې تام گېزىتىدىن سەل نېرىراقتا تۇرۇپ، ساۋاقداش شۈي تۈكچۈەن بىلەن بىر ئىشنى مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى.

شۈي تۈكچۈەن ۋاڭ شياۋخېغا بىر ۋاراق قەغەزنى بېرىپ:

— بۇ تەشكىلىمىز ھال سورايدىغان ۋە قۇتقۇزىدىغان ساۋاقداشلارنىڭ تىزىملىكى، — دېدى.

ئەسلىدە ئۇلار دوختۇرخانىدىكى ساۋاقداشلاردىن ھال سورى-

ماقچى بولغانىدى.

ۋاڭ شياۋخې تىزىملىكنى كۆرۈپ تۇرۇشىغا بىرىنىڭ چاقىرغىنى ئاڭلاندى:

— ۋاڭ شياۋخې، ۋاڭ شياۋخې، مەكتەپ مۇدىرى سىنى چاقىرىۋاتىدۇ، تېز بول !...

بىر ئىشچى شۇنداق دەپ توۋلىغىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ساۋاقداشلار نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمەي، ۋاڭ شياۋخېغا ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ قېلىشتى.

— ھە ! مېنى چاقىرىۋاتامدا؟ ماقۇل ! ھازىرلا باراي...

ۋاڭ شياۋخې تەمكىنلىك بىلەن شۇنداق دېگىنىچە، ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى.

## 3

ۋاڭ شياۋخې مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپلا، بىللە تام گېزىتى چىقارغان بىرقانچە ساۋاقدىشىنىڭ ئىشخانىدا تاياقتەك قېتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇچىسىغا كاستۇم - بۇرۇلكا، پۇتىغا پارقىراپ تۇرىدىغان خۇرۇم ئاياغ كىيىۋالغان مۇدىر ئۇيان - بۇيان ماڭغىنىچە، زەردە بىلەن ئۇلارغا ۋارقىراپ چالۋاقاۋاتاتتى.

— سەنلەرنىڭ قىلىۋاتقىنىڭ قانۇنسىز سىياسىي ھەرىكەت ! بۇنى بىلشەمسەن؟ — دېدى ئۇ مۇشتۇمىنى تۈگۈپ ھېلىلا بىرىنى ئۇرۇۋېتىدىغاندەك ھەيۋە قىلىپ.

ۋاڭ شياۋخې كېچىككىپرەك كەلگەن بولغاچقا ئاستاغىنا ساۋاقداشلىرىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇردى.

— ۋاڭ شياۋخې، ئالدىغا ئۆت ! — ۋارقىرىدى مەكتەپ مۇ-

دىرى توساتتىنلا.

ۋاڭ شياۋخې ئىلاجسىز ئالدىغا بىرقانچە قەدەم تاشلاپ ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ تۇردى.

مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماستىن، ئوقۇغۇچىلار يوقلىما دەپتىرىنى ۋاراقلاپ تۇرۇپ، سوغۇق تەلەپپۇزدا سوراشقا باشلىدى:

— نېمىدەپ مۇشۇنداق تام گېزىتى چىقىرىشىسەن؟

ۋاڭ شياۋخې ساۋاقداشلىرىغا يالتىيىپ قارىۋېتىپ، ئۈندىمەي تۇرىۋەردى.

مەكتەپ مۇدىرى ئاچچىق بىلەن ئالدىغا بىرقەدەم تاشلاپ، ۋاڭ شياۋخېغا ھۆرپەيدى:

— ئاتاڭ پاراخوتتا پار قازان ئىشچىسى بولۇپ ئىشلەپ، ماڭا بىر مۇشەققەتتە سېنى ئوقۇشقا بەرسە... مۇشۇنداق كەلسە ـ كەلمەس تام گېزىتى چىقىرىپ يۈرەمسەن؟ سېنىمزە !

ۋاڭ شياۋخې يەرگە قارىغىنىچە يەنىلا ئۈندىمەي تۇرىۋەردى.

بۇ ھالنى كۆرۈپ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەلدى، ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ساۋاقداشلارنىڭ ھەر خىل فورمىلارنى كىيىپ چۈشكەن تامدىكى سۈرىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ تووۋلاپ كەتتى:

— قاراڭلار، ئوقۇش پۈتتۈرگەن بۇ ساۋاقداشلارغا، ئۇلار ھازىر چەت ئەل بانكىلىرى، تاموژنا، پوچتىخانا دېگەندەك ئورۇنلاردىن ئوبدان خىزمەت تاپتى ! سىلەرمۇ ئۇلاردەك بولۇشۇڭلار كېرەك، — مەكتەپ مۇدىرى شۇنداق دەپ تاپىلىغاچ، ئۇلارنى قورقۇتقىلى تۇردى، — سەن، ۋاڭ شياۋخې ! ئۆزۈڭنى بىلىپ يۈر ! ئەمدى مەكتەپ سىرتىدىكى ئىشلارغا ئارىلاشما، يەنە ئارىلىشىدىكەنسەن، مەكتەپتىن ئالىدىغان تەمىناتىڭ توختىتىلىدۇ، ھەم،

ئەمدى بىر ياقتىن ئىشلەپ، بىر ياقتىن ئوقۇيمەن دەپ خام خە-
يال ئەيلىمە! بولمىسا مەكتەپتىن قوغلىنىسەن!
مەكتەپ مۇدىرىنىڭ شۇنداق دەپ قولىنى شىلتىشى بىلەن
ۋاڭ شياۋخې قورقۇپ كەينىگە داجىدى.
مەكتەپ سىرتىدىكى پائالىيەتلەرگە قاتناشالىغان ئوقۇشتىن
ھەيدىلىسەن، دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ۋاڭ شياۋخېنىڭ چىرايى
ئاچچىقتىن تاتىرىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ئاچچىقىنى زورىغا بې-
سىۋالدى. كۆڭلىدىكىنى دېيەلمىگەچكە ئىچى تىتىلدايتتى.
كونا جەمئىيەتتە، نامرات ئائىلىدە چوڭ بولغان بىر بالىنىڭ
مەكتەپتە ئوقۇمىقى ئاسان ئەمەستە!

## 4

ۋاڭ شياۋخې مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ
سىنىپقا كىردى، بۇ ئوقۇغۇچىلار دەرستىن چۈشۈپ بولغان چاغ
بولغاچقا، سىنىپتا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پارتىسىغا
كېلىپ بىرھازا ئولتۇرۇپ كەتتى، ھېلىلا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ
قىلغان گەپلىرى ھەم گەپ قىلغان چاغدىكى قورقۇنچلۇق ئەلپازى
ئۇنىڭ كاللىسىدىن كەتمەيتتى.
ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك بىر تىندى ـ دە، ئورنىدىن دەس تۇ-
رۇپ، ئاياغ ـ پايپاقلىرىنى سېلىۋېتىپ، يالاڭ ئاياغ چىقىپ بىر
چېلەك سۇ ئېلىپ كىردى، ئاندىن پول سۈرتكۈچنى ئېلىپ، بىر
كۆڭلۈك پول سۈرتۈش ئىشىنى باشلاشقا ھازىرلاندى.
ۋاڭ شياۋخې مەكتەپتە ئىشلەپ يۈرۈپ ئوقۇيتتى، ئائىلە-
سىنىڭ كەمبەغەللىكىدىن ئوقۇش پۇلىنى تۆلەشكە قۇربى يەت-

مەيتتى، شۇڭا ئۇ بىر ياقتىن ئوقۇسا، بىر ياقتىن مەكتەپتە ۋاقىتلىق ئىشچى بولۇپ ئىشلەيتتى. ھەر كۈنى پول، ئەينەك، مۇنبەرلەرنى سۈرتەتتى...

ۋاڭ شياۋخې بېلىنى رۇسلاپ تۇرۇشىغا شۇي تۇڭچۇەن ۋە دۇڭ باۋگېن قاتارلىق بىرقانچەيلەن كىرىپ كەلدى.

ـــ بۇ قېتىملىق ھال سوراشقا سەن بارمىغىن، بابا مەكتەپ مۇدىرىمۇ دېدىغۇ...

شۇي تۇڭچۇەن باشقىلار بىلەن ئالدىراپ ـ تېنەپ كېتىپ قالدى.

ۋاڭ شياۋخې بۇ گەپنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ تۇرۇپلا قالدى. توساتتىن بىر ئىش ئېسىگە كېلىپ، شۇي تۇڭچۇەنلەرنى توختىتىۋېلىپ، بىللە بارماقچى بولغاندەك ئىككى تاقلاپلا دېرىزە تۈۋىگە كەلدى، لېكىن نېمىشقىدۇر ئۈندىمىدى. دېرىزىدىن قارىۋىدى، شۇي تۇڭچۇەنلەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئىنس ـ جىن يوق كارىدورغا بىردەم ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، يەنە پول سۈرتكۈچنى تۇتقىنىچە يېنىپ كىردى:

«بارسام بولارمۇ، بارمىسام بولارمۇ؟»

بۇ ئىشتا ئۆزىمۇ بىر قارارغا كېلەلمىدى.

ئەمدى مەكتەپ سىرتىدىكى پائالىيەتلەرگە زادىلا قاتنىشالماسمەنمۇ، ساۋاقداشلىرىمنىڭ قاتارىدىن مۇشۇنداقلا چۈشۈپ قالارمەنمۇ، مۇشۇنداق قورقۇپ يۈرۈۋېرىمەنمۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ ئىچى ئۆرتەندى.

ۋاڭ شياۋخې پول سۈرتكۈچنى شۇنداق بىر تارتىۋىدى، چېلەكتىكى سۇ يەرگە تۆكۈلۈپ كەتتى...

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com